# گۈزەل ئەخلاق دۇنيا-ئاخىرەت سەئادىتى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئەلى ئىبنى ئابدۇراھمان ئەھۇزەيپى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿حسن الخلق﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ علي بن عبد الرحمن الحذيفي

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# گۈزەل ئەخلاق دۇنيا-ئاخىرەت سەئادىتى

2010-يىلى 05-ئاينىڭ 7 -كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈز مىڭلىغان جامائەتكە " مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئەخلاق چۈشەنچىسىگە باغلىق" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئىسلام ئالى غايە ۋە مۇھىم نىشاننى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلار ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا- ئاناڭلارغا، خىش- ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن خوشنىغا، يىراق خوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل- چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.»

ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشنىڭ ئاساسى گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم

دەيدۇ: «مۆمىن كىشى گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ناماز ئوقۇغۇچى ۋە روزا تۇتقۇچىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ». گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇمى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئىش بولسا، ئاللاھ بۇيرىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تولۇق ئادا قىلىش، چەكلىگەن ئىشلاردىن تولۇق ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. گۈزەل ئەخلاق مۇسۇلمانغا دۇنيا-ئاخىرەتتە مەنپەئەت بېرىدۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئان-كەرىمدە گۈزەل ئەخلاققا بۇيرۇپ، پەسكەشلىك ۋە رەزىللىكتىن چەكلەيدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : «ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىنلاشماڭلار». گۈزەل ئەخلاق ئۆز ساھىبى ۋە جەمئىيەتكە بەرىكەت، ياخشىلىق ۋە تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەندىن سىرت، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە شان-شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ. كىشىلەر قەلبىدە ھۆرمەت-سازاۋەر ۋە ياخشى كۆرۈشنى پەيدا قىلىدۇ. دۇنيادا نامى ئۆچمىسە، ئاخىرەتتە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەخلاقسىزلىق بەرىكەتنى كەتكۈزىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە يامان كۆرۈشنى پەيدا قىلىدۇ، دۇنيادا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگەندىن تاشقىرى، ئاخىرەتتە يامان ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار تارىختىكى ياكى ھازىرقى خەمئىيەتتىكى ئېسىل-ئەخلاق، ئالى سۈپەتلەرگە ئىگە ياخشى كىشىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز- ئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ

پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار.»

بىزگە بارلىق ئىپسىل-ئەخلاق، ئالى سۈپەتلەردە ئۈلگە بولغۇچى يول باشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇ ھەممە ئىشتا بىزگە ياخشى ئۆلگىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە، -ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە-، رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر.» ئاللاھ مۇھەممەدئەلەيھىسسالامنى گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى، مۇھەممەدئەلەيھىسسالامۇ ئۈممەتنى بارلىق ئىپسىل ئەخلاق ۋە توغرا ئىش-ھەركەت قۇرۇلمىسى ئاساسىدا تەربىيىلىدى.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن ئەخلاقلىنىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن. ئامىن....